«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئەنسىرىمە، دوگلاس

# 别担心，道格拉斯



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



«سۈر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئەنسىرىمە، دوگلاس

# 别担心,道格拉斯

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان مۇھەممەد



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

别担心，道格拉斯：维汉对照 / 新疆师范大学美术系动漫专业组编绘；吾斯曼江·木合麦提译. -- 乌鲁木齐 :新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2014.12

（灰灰兔绘本系列）

ISBN 978-7-5469-3752-6

Ⅰ. ①别… Ⅱ. ①新… ②吾… Ⅲ. ①儿童文学 - 图画故事 - 中国 - 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 298515 号

策　　划：于文胜
责任编辑：哈斯亚提·阿布来提
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　灰灰兔绘本系列 —— 别担心，道格拉斯（维汉对照）
译　　者　吾斯曼江·木合麦提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　　张　2
版　　次　2014 年 12 月第 1 版
印　　次　2015 年 5 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-3752-6
定　　价　12.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



ئەنسىرىمە، خۇشال بولغىن!

别担心，要快乐！



چوڭ مۇشۇكئېيىق دوگلاس دادىسى بىلەن بىللە ئويناپتۇ.

ــ كەينىڭگە يوشۇرغىنىڭ نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ دوگلاس دادىسىدىن.

دادىسى كەينىگە يوشۇرۇۋالغان بىر قولىنى چىقىرىپتۇ. دادىسىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغان قولىنى كۆرگەن دوگلاس: ــ بۇ قولۇڭدا ھېچنېمە يوق ئىكەن، مەن يەنە بىر قولۇڭنى كۆرىمەن! ــ دەپتۇ.

دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ بۇ مەن ساڭا تەييارلىغان سوۋغات! ــ دەپتۇ.



道格拉斯正和爸爸一起玩。

“你背后藏了什么东西啊?”道格拉斯问爸爸。

爸爸将藏在背后的一只手伸了出来。看着空空的手掌,道格拉斯说:“这只手没有,我要看另外一只手! ”

爸爸笑了:“这是我为你准备的礼物! ”



ئەسلىدە بۇ يۇڭ يىپتىن توقۇلغان يېڭى بۆك ئىكەن!

— نېمىدېگەن پەيزى! — دەپتۇ دوگلاس، — رەھمەت دادا!

دوگلاس ئەزەلدىن يۇڭ يىپتا توقۇلغان بۆك كىيىپ باقمىغانىكەن، ئۇ دوستلىرىغا بۇ بۆكنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپتۇ.

原来是一顶崭新的毛线帽！

“太棒啦！”道格拉斯说，“谢谢爸爸！”

道格拉斯从来没有戴过毛线帽，他迫不及待地想要展示给朋友们看。





— ئېھتىيات قىل! — دەپ تاپىلاپتۇ دادىسى.
دادىسىنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا دوگلاس يۈگرەپ يىراقلاپ كېتىپتۇ.

“小心点儿！”爸爸嘱咐道。
话还没说完，道格拉斯已经跑远了。





— كۆپچىلىك قاراڭلار! — دەپتۇ دوگلاس ھاياجانلانغان ھالدا ۋارقىراپ.
— دوگلاس، سېنىڭ بۆكۈڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن! — دەپ ماختاپتۇ، قوزىچاقلار.

“大家瞧瞧我！”他兴奋地喊道。
“道格拉斯，你的帽子真漂亮！”绵羊们咩咩叫道。






— مەن يەنە بۆكۈم بىلەنلا موللاق ئاتالايمەن! — دەپتۇ دوگلاس كۆرەڭلىگەن هالدا.

دەرۋەقە، ئۇ كەينى - كەينىدىن موللاق ئېتىپتۇ.

تۇيۇقسىز، ئۇ بىرئاز غەلىتىلىك هېس قىپتۇ.

“我还能戴着帽子翻跟头呢！”道格拉斯骄傲地说。

果然，他翻了一个又一个。

忽然，他觉得有点儿不对劲。



دوگلاس كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشلەردىن ھەيران قاپتۇ: ئۇنىڭ يۇڭ يىپتىن تو-
قۇلغان يېڭى بۆكىنىڭ ئۆگرە چۆپىدەك ئۇزۇن يىپلىرى دەرەخ شېخىغا يۆگىشىپ قال-
غانىكەن.



道格拉斯被眼前的一幕吓呆了:他崭新的毛线帽就像一根长长的面条,缠绕在树枝上。



دوگلاس جىددىيلەشكىنىدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ ۋە يىغلامسىرىغان هالدا: «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟» دەپتۇ.

— ئەنسىرىمە، — دەپتۇ قوزىچاقلار، — بىز بۆكىڭنى ئوڭشاپ بېرىمىز.

ئۇلار ئاۋۋال چۇۋۇلۇپ كەتكەن يۇڭ يىپنى يۆگەپ توپ هالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇڭ يىپ توپىنى بۆك هالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ.

— ئەمدى رازى بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ قوزىچاقلار.

— ياق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دوگلاس.

— كالا خانىم ئىنتايىن ئەقىللىك، — دېيىشىپتۇ قوزىچاقلار، ئۇنىڭ چوقۇم ئامالى بار.





道格拉斯急得快哭了，他哽咽道：“怎么会这样呢？”
“别担心。”绵羊们说，“我们能把帽子修好。”
他们先把凌乱的毛线绕成球，再把毛线球压成帽子的形状。
绵羊们问：“这样满意吗？”
道格拉斯说：“不满意！”
“牛牛太太很聪明。”绵羊们说，“她一定有办法。”





كالا خانىم بىر ئامال ئويلاپ چىقىپتۇ.
— بەك چىرايلىقكەن! — دەپتۇ ئۇ ئەينەككە قاراپ.
«ياق!» دوگلاسقا بۇ ئامال ئانچە ياخشى تۇيۇلماپتۇ.

牛太太想到了一个好办法。
“真漂亮！”她照着镜子说道。
“哦，不！”道格拉斯可不觉得这是个好主意。



— ئەنسىرىمە، دوگلاس! — دەپتۇ كىچىك قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ، — مېنىڭ ئۇۋام دەل مۇشۇ يۇڭ يىپلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى.

— ياق، ئۇنداق قىلما! — دەپتۇ دوگلاس، — ئۇ مېنىڭ يېڭى بۆكۆم تۇرسا!



“别担心，道格拉斯！”一只小鸟啾啾叫，“我的鸟巢里正好需要这些毛线。”

“别，别这样！”道格拉斯叫道，“那可是我的新帽子！”





ــ قانداقلا قارىسام يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بۆككە ئوخشىمايدۇ، ــ كىچىك قۇش شۇنداق دېگەچ، يۇڭ يىپنى ئۇۋىسىنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ-تۇ، ــ ئوخشامدۇ، ئوخشىمامدۇ بەرىبىر، ئىشقى-لىپ كىرگۈزەلىمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن، كىچىك قۇش يۇڭ يىپنى دەرەختىن پەسكە تاشلاپ بېرىپتۇ.

بۇ چاغدا، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.

دوگلاس ئىنتايىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇ يەردە قا-لايمىقان چۇۋۇلۇپ تۇرغان يۇڭ يىپقا قاراپ: «دادام مېنى نېمىلەرنى دەپ كېتەر ئەمدى؟» دەپ غودۇڭشۇپتۇ.



“怎么看也不像一顶毛线帽。”小鸟边说边往鸟巢里塞毛线“像不像也无所谓,反正塞不进去。”

于是,小鸟把毛线从树上扔了下来。

这时,天突然下起雨来。

道格拉斯非常担心。他看着地上乱糟糟的毛线,咕哝着:“爸爸会怎么说我呢?”





توشقان تۇيۇقسىز يەردىن چىقىپ: «ھوي، رەھمەت ساڭا دوگلاس. مەن ھازىر ئۆيۈمنىڭ سۇ ئۆتكەن يېرىنى توسۇش ئۈچۈن بىر نەرسىگە مۇھتاج بولۇپ تۇرغاندىم» دەپتۇ.

— بىراق، ئۇ دېگەن مېنىڭ يېڭى بۆكۈم تۇرسا! — دەپتۇ دوگلاس، — دادام ماڭا بەرگەن سوۋغات ئىدى.



兔子突然从地下冒出来:“哦,谢谢你,道格拉斯。我正需要一些东西来堵上我们家漏雨的地方。”

“那可是我的新帽子!”道格拉斯叫道,“是爸爸送给我的礼物。”

— شۇنداقمۇ، كەچۈرگىن، مەن بىلمەيدىكەنمەن، — دەپتۇ توشقان، — بۇياققا كەل، — ئۇ شۇنداق دېگەچ يۇمشاق يۇڭ يىپنى دوگلاسنىڭ چوڭ بۇرنىغا سۈركەپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ — دوگلاس روھى چۈشكۈن ھالەتتە سوراپتۇ.



“这样啊，对不起，我不知道。”兔子说，“你过来。”她说着，用软软的毛线擦了擦道格拉斯的大鼻子。

“我该怎么办呢？”道格拉斯沮丧地问道。

توشقان ئەستايدىللىق بىلەن ئويلىنىپتۇ.

— سەن نېمىشقا داداڭغا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇدۇللا دېمەيسەن؟ ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق ياخشى تۇرسا، چوقۇم سېنى ئەيىبلىمەيدۇ، — دەپتۇ.



兔子认真想了想。

“为什么你不直接告诉你的爸爸发生了什么事呢？他脾气这么好，肯定不会责怪你的。”





دوگلاس كۆڭلىدە: توشقاننىڭ دېگىنىمۇ توغرا، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن، ئۇگرە چۆپىدەك ئۇزۇن يۇڭ يىپ توپىنى ئېلىپ، ئاستا ئۆيىگە قايتىپتۇ.

道格拉斯心想:也许兔子说得对。于是,他捡起地上湿乎乎的、像面条似的毛线团,慢慢地往家里走去。



— ۋاي تەڭرىم، دوگلاس! — دەپتۇ ئاپىسى ئۇھسى-
نىپ، — قارا، تۇرقىڭغا، نېمىگە ئوخشاپ قالدىڭ.
— سېنىڭ يېڭى بۆكۈڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ
دادىسى.
شۇنىڭ بىلەن دوگلاس ئاپىسى، دادىسىغا يۈز بەرگەن
بارلىق ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

“天哪，道格拉斯！”妈妈叹了口气说，“瞧瞧你这邋遢的模样。”

“你的新帽子呢？”爸爸问。

于是，道格拉斯把所有的事情都一五一十地告诉了爸爸妈妈。





— ئەنسىرىمە، دوگلاس، — دەپتۇ دادىسى، — قارا، مەن ساڭا نېمە تەييارلىدىم؟ تېز پەرەز قىلىپ باققىنا، سوۋغات قايسى قولۇمدا؟

دوگلاس بېشىنى چايقاپتۇ.

— بۇ مېنىڭ بۆكۈم، — دادىسى يۇڭ يىپتىن توقۇلغان چوڭ بۆكنى چىقىرىپ شۇنداق دەپتۇ، — سەن تېزلا بۇ بۆكنى كىيەلەيسەن!

“别担心,道格拉斯。”爸爸说,“看,我为你准备了什么? 快猜猜礼物在哪只手里?

道格拉斯摇了摇头。

“这是我的帽子。”爸爸拿出了一顶大大的毛线帽,“你很快就能戴这顶帽子啦!”





پۇرچاق بۆك

豆豆帽



زاكا بۆك

尿布帽



بانان بۆك

香蕉帽



زەنجىرسىمان بۆك

连环帽



كالته ئىشتان بۆك

短裤帽



دوستلۇق بۆكى

好友帽



ئۆزگىرىشچان بۆك

变形帽



يامغۇردىن
ساقلىنىش بۆكى

防雨帽



يالغانچاچ بۆك

假发帽



ئوغرىسىمان بۆك

偷窥帽



قولايلىق بۆك

便便帽



ئائىلە بەخت بۆكى

全家福帽



ئاشىق ـ مەشۇقلار بۆكى

情侣帽

بۇ كىتاب تيەنجىن نەشرىيات ـ تاراتقۇ گۇرۇھى شىنلېي نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据天津出版传媒集团新蕾出版社 2013 年 9 月第 1 版，2013 年 9 月第 1 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئابلەت
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات

**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۇ

## «سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئەنسىرىمە، دوگلاس

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئوسمانجان مۇھەممەد

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى
رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 2
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3752 - 6
**باھاسى:** 12.00 يۈەن

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3752-6

定价: 12.00元